سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# 1963 ـ يىلى: نېفىتتا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەمىنلىيەلەيدىغان بولدۇق

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

1963 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، زۇڭلى جوۋ ئېنلەي 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق جاكارلىدى: «دۆلىتىمىز ئېھتىياجلىق نېفىتتا، ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەمىنلىيەلەيدىغان بولدۇق».

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، دۆلىتىمىز نېفىت سانائىتىنىڭ ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى، پەقەت گەنسۇ يۈمېندىكى لاۋجۈنمياۋ، شىنجاڭدىكى مايتاغ، شەنشىدىكى يەنچاڭ قاتارلىق بىرقانچە كىچىك كۆلەملىك نېفىتلىكلا بولۇپ، يىللىق مەھسۇلاتى 120 مىڭ توننىغا يەتمەيتتى، دۆلەت ئىچىدە نېفىت ئىستېمال قىلىشتا ئاساسىي جەھەتتىن ئىمپورتقا تاياناتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ قاراماي نېفىتلىكى ۋە چىڭخەي لېڭخۇ نېفىتلىكى ھەم سىچۈەن نېفىتلىكى، گازلىقى ئېچىلىپ، قۇرۇلۇپ، يۈمېن نېفىتلىكى كېڭەيتىلىپ، يۈمېن، شىنجاڭ، چىڭخەي، سىچۈەندىن ئىبارەت تۆت نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي جەنۇب قاتارلىق بىرقانچە چوڭ ئويمانلىقتا ئېلىپ بېرىلغان رايونلارنى تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. 1959 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون 730 مىڭ توننىغا يەتتى، ئاساسلىق نېفىت مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتى 40.6%كە يەتتى. بىراق بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېھتىياجىنى قامداشتىن خېلىلا يىراق ئىدى.

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، دۆلىتىمىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە غايەت زور بېسىمغا دۇچ كەلدى، داچىڭ نېفىتلىكى بىرلەشمە جېڭى دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلغان. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، 1963 ـ يىلغا كەلگەندە دۆلىتىمىز داچىڭ نېفىتلىكىنى يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى سەۋىيەدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ۋە قۇرۇپ، يىلىغا 6 مىليون توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈردى، بۇ نېفىت مەھسۇلاتلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك رول ئوينىدى.

1964 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىقى پارتگۇرۇپپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىپ، تيەنجىننىڭ جەنۇبى، دۇڭيىڭنىڭ شىمالىدىكى دېڭىز بويى بەلبېغىدا شىمالىي جۇڭگو نېفىت بىرلەشمە جېڭىنى تەشكىللەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1965 ـ يىلغا كەلگەندە، شەندۇڭدا قۇرۇلغان غالىبىيەت نېفىتلىكى، تيەنجىندە قۇرۇلغان داگاڭ نېفىتلىكىدىن نېفىت چىقىشقا باشلىدى. شىمالىي جۇڭگو نېفىت بىرلەشمە جېڭى بوخەي دېڭىزى قولتۇقى رايونىنى چارلاش ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمىدا يەنە بىر يېڭى نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى ئاچتى.

داچىڭ نېفىت بىرلەشمە جېڭى ۋە شىمالىي جۇڭگو نېفىت بىرلەشمە جېڭى ئارقىلىق، 1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جۇڭگونىڭ خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 11 مىليون 310 مىڭ توننىغا يېتىپ، دۆلەت ئىچىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان خام نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىدا پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەمىنلەش ئىشقا ئاشتى، جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ھالقىش ئىشقا ئاشتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 3 ـ بەتتە)

«بىز بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى ‹ماگنىت› قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان مۇستەھكەم قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك» دېدى داشى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى لى يەنفېڭ.

پارتىيە بايرىقى ئېگىز كۆتۈرۈلدى، قورغان مۇستەھكەملەندى. شىنجاڭ ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىشنى شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ۋە ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرى قىلىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلىدى:

360 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېقىن كادىر كۈچ ئۇلاپ كەنتتە تۇردى، بۇ، شىنجاڭدىكى بارلىق مەمۇرىي كەنت ۋە مەھەللىلەرنى قاپلىدى؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى 18 مىڭغا يېقىن كۆپىيىپ، ئېشىش نىسبىتى 24% بولۇپ، ئامما بارلىكى جايدا، پارتىيە ئەزالىرى بارلىكى جايدا، پارتىيە تەشكىلاتى، پارتىيە خىزمىتى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«كەنتتە تۇرۇش» «ئائىلىلەردە تۇرۇش»تىن «قەلبتىن ئورۇن ئېلىش»قىچە، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئامما بىلەن دائىم بىللە تۇرۇش داۋامىدا بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، ئۇيۇشۇشقاقلىقى، جەڭگىۋارلىقىنى كۈنسايىن ئاشۇردى.

چېگرا رايونىنى تىنچلاندۇرۇپ، شىنجاڭنى مۇستەھكەملەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئالاھىدە رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ يېڭى سەھىپىسى پۈتۈلدى ——

چەكسىز كەتكەن ئېتىزلاردا، چوڭ تىپتىكى پاختا يىغىش ماشىنىسى ئېچىلغان پاختىلارنى بىر قېتىمدىلا غايەت زور ساندۇققا يىغماقتا ئىدى...

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە كۈندىن ـ كۈنگە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى دەل شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭگەنلىكى، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنىڭ بىرى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 6 ـ شىسى ۋۇجياچۇ شەھەرلىك مۇزېيىغا كىرگەندە، «ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر روھى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ھەيكەل ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. مۇزېيدىكى سۈرەتلەر، ئەمەلىي بۇيۇملار شەمشەردىن ساپان ياساشتەك ئىگىلىك تىكلەش تارىخىنى بايان قىلىپ، نەچچە ئەۋلاد بىڭتۇەنلىكلەرنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۆچمەس مۇساپىسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

65 يىل ئىلگىرى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلدى، يۈز نەچچە مىڭ كىشىلىك قىسىم ئۆز يېرىدە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىڭتۇەن خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، نەچچە ئەۋلاد رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى بىڭتۇەننىڭ تەرەققىياتىغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. قۇملۇقلار مۇنبەت ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇلدى، چۆل ـ باياۋانلاردا يېڭى شەھەرلەر بەرپا قىلىندى، چۆل ـ جەزىرىلەرگە داغدام يوللار تۇتاشتۇرۇلدى... بۇ قەدەملىرىنى بېسىپ چۈشۈپ، بۈگۈنكىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەر ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىڭتۇەندىن چېگرا رايونىنى تىنچلاندۇرۇپ، شىنجاڭنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇقىملاشتۇرغۇچ بولۇش قاتارلىق «ئۈچ چوڭ فۇنكسىيەسى»نى ياخشى ئادا قىلىشنى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قاتارلىق «تۆت چوڭ رولى»نى ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەم بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

«بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي بىرتەرەپ قىلىپ، نېگىزلىك، ئۇللۇق، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە كۈچەش كېرەك».

چەكسىز مەنزىرىلەر كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلانماقتا. بىڭتۇەن باشقۇرۇشىدىكى شەھەر ـ بازارلار كەينى ـ كەينىدىن قەد كۆتۈردى، مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى؛ زور بىر تۈركۈم كەسىپلەر بىڭتۇەنگە توپلىنىپ، ھەر مىللەت پۇقرالارنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇردى؛ تۈزۈملەر ئۈزلۈكسىز يېڭىلاندى، بىڭتۇەننىڭ ئالاھىدە ئەۋزەللىكى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قويۇپ بېرىلدى... بىڭتۇەن سىجىل زورىيىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە چېگرا رايونىنى تىنچلاندۇرۇپ، شىنجاڭنى مۇستەھكەملەشتىكى قۇدرەتلىك تىرەككە ئايلاندى.

سىجىل «قان بېرىپ» «قان ئىشلەپ»، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە دەل جايىدا كۈچەپ، پارتىيەنىڭ ئىللىقلىقى ۋە غەمخورلۇقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قەلبىگە يەتكۈزۈلدى ——

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىدە، توققۇز ياشلىق پاتىمە قونچىقىنى قۇچاقلىغىنىچە يېڭى ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ ئويناۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى كۈمۈش قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئىدى.

«ئولتۇراقلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش» قۇرۇلۇشى بۇ جايدىكى چارۋىچىلارنى يۈك ئارتىلغان ئات ـ ئۇلاغلارنى ھەيدەپ كۆچۈپ يۈرۈپ مال بېقىش جاپاسىدىن قۇتۇلدۇردى. تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقان يوللار، قاتار ـ قاتار يېڭى ئۆيلەر چارۋىچىلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

مورى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1000 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان خوتەن ناھىيەسىدىكى ئاياغچىلىق كەسىپ باغچىسىدا، 24 ياشلىق ئابدۇخەبىر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىگە ماتېرىيال تەييارلاۋاتاتتى.

سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى كارخانىلار بىر ـ بىرلەپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ماكانلاشتى، ئەۋلادمۇئەۋلاد تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن دېھقانلار سانائەت ئىشچىلىرىغا ئۆزگىرىپ، تەبىئەتكە بېقىنىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا تايانمايدىغان بولدى، ئىشىكى ئالدىدىلا تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئۈمىد بار بولدى.

شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى مەركەزنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ خالىس ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەركەز مالىيەسىنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن ياردەم پۇلى جەمئىي 2 تىرىليون 350 مىليارد يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2012 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە بېرىلگىنى 1 تىرىليون 610 مىليارد يۈەنگە يەتتى. 2018 ـ يىلى 302 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ شۇ يىللىق مالىيە چىقىمىنىڭ 60.3%ىنى ئىگىلىدى.

نامراتلىقنى يىلتىزىدىن يوقىتىش، مەكتەپ قۇرۇش، داۋالاش ۋە دورا يەتكۈزۈش؛ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش، كەسىپلەرنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش... 2010 ـ يىلى يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، 19 ئۆلكە شىنجاڭ بىلەن قول تۇتۇشتى، 100 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق ياردەم مەبلىغى، 1 تىرىليون 800 مىليارد يۈەنگە يېقىن ھەمكارلىق مەبلىغى شىنجاڭغا سېلىندى؛ 80 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگۈچى كادىر ئەقىل ـ پاراستىنى تەقدىم قىلىپ، تەر تۆكۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرماقتا.

شىنجاڭغا ئومۇميۈزلۈك نىشانلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا دەل جايىدا نىشانلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا ئۇزاق مۇددەت نىشانلىق ياردەم بېرىش. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ تەرەققىيات قىياپىتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە نامايان قىلدى. «قان بېرىش»تىن «قان ئىشلەش»كىچە، شىنجاڭنى يېڭى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تېز يولىدا ماڭدۇردى.

باسقان يولنى ئەسلىگەندە، تارىخىي زور ئۆزگىرىشلەر شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ قوينىدا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلغان بۈگۈنى بولغان.

كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا، تەرەققىيات ئىستىقبالى چەكسىز كەڭ: ئەبەدىي ئەمىنلىك ۋەزىيىتى يارىتىلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىشلىرى ۋۇجۇدقا چىقىرىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردە، شىنجاڭ جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە ئىگە بولىدۇ!

**(يېزىشقا قاتناشقانلار: ۋاڭ چى، جاڭ شياۋلۇڭ) (شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈردى. بىرىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئەۋزەللىكى. 70 يىلدىن بۇيان، دەل باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكىدە، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ، دۆلەت تۈرلۈك ئىشلارنى بىرتۇتاش ئۈنۈملۈك تەشكىللەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغاچقىلا، ئاندىن بىر قاتار مۇھىم، زور خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇپ، ساناپ تۈگەتكۈسىز جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئىككىنچى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئەۋزەللىكى. دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئۈنۈملۈك نامايان قىلدى، خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى، خەلقنىڭ ئىجادكارلىقىنى قوزغىدى. ئۈچىنچى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئەۋزەللىكى. دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى بىر گەۋدە قىلىپ قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئازاد قىلىش ۋە كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. تۆتىنچى، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئەۋزەللىكى. پارتىيە رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرى بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئىشنى مۇۋاپىق تەقسىملىدى ھەم زىچ ھەمكارلاشتى، دېموكراتىيەنى تولۇق جارى قىلدۇردى ھەم ئۈنۈملۈك مەركەزلەشتۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزۈمى ۋە قانۇن ـ تۈزۈم بىر يۈرۈش يولغا قويۇشقا بولىدىغان، ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان، ئۈنۈملۈك تۈزۈم سىستېمىسى، بۇ بىزنىڭ «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىشىمىزدىكى بىر تۈپ ئاساس. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزۈمى ۋە قانۇن ـ تۈزۈم ياخشى چىڭ تۇرۇشقا، ياخشى يولغا قويۇشقا موھتاج ھەم ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا موھتاج. بىز ئاللىقاچان ئورنىتىپ بولۇنغان ھەم ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمدە ياخشى چىڭ تۇرۇش، ئۇنى ياخشى مۇستەھكەملەش ئالدىنقى شەرتىدە، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىشتا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تۈزۈم، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى زۆرۈر تۈزۈملەرنى تېزدىن ئورنىتىشىمىز، تاكامۇللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەت داۋامىدىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەش كېرەك، پىشقان تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى تۈزۈم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە، قانۇنغا ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تۈزۈمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىجرا قىلىشتا. تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەمدە رەھبەرىي كادىرلار تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئىشلارنى تۈزۈم يولىدا ئالغا سىلجىتىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق قوغداشقا يېتەكلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزۈمى ۋە قانۇن ـ تۈزۈم نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، 70 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، جۇڭگو تۈزۈم قۇرۇلۇشى نەزەرىيەسىنىڭ ئىلىم سىستېمىسى، نەزەرىيە سىستېمىسى، سۆز سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىشنى نەزەرىيە تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان تۈزۈم تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگونىڭ تۈزۈم ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، كىشىلەرنى بىزنىڭ ئاللىقاچان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولىدا ماڭغانلىقىمىزنى تولۇق تونۇشقا يېتەكلەش كېرەك، بىز بۇ يولنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئۇلغىيىپ جۇش ئۇرىدۇ مەردانە ئۆزگىرىپ بۇندا جاھان» دەيدىغان دۇنياۋى مۆجىزىلەرنى ياراتتى. بۈگۈنكى كۈندە، پامىر ئېگىزلىكىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە، ئالتاي تېغى ئېتىكىدىن تارىم دەرياسى ۋادىسىغىچە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىپ، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، دىنلار ئىناق بولۇپ، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەملىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

تارىخ سادىق گۇۋاھچى. شىنجاڭنىڭ 70 يىلدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەر نۆۋەتلىك مەركەز رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى دانا تەدبىرى، سەممىي غەمخورلۇقىنىڭ نەتىجىسى، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، ئالاھىدە غەمخورلۇقىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى، خالىس ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقى، جاسارەت بىلەن نەتىجە ياراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئۆتمۈشنى ئەسلىسەك، بۇ نېمىدېگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر! كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، نېمىدېگەن سەلتەنەتلىك مۇساپە! تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى: پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىق قوينىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ راۋاجلىنىشىدا چىڭ تۇرغاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئاندىن گۈللىنىپ ئىلگىرىلەيدىغان بۈگۈنى ۋە تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى بولىدۇ. شىنجاڭدىكى 70 يىللىق تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور ئۆزگىرىشلەر دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشى، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشىنىڭ جانلىق ئىزاھاتى.

يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شىنجاڭنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق ـ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاقچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۈزلۈكسىز مۇجەسسەملەپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

«خوراز چىللاپ يورۇپ ئالەم ئاتتى تاڭ، بارچە مىللەت چالدى ساز، يۇتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە.» 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ يېڭى جۇڭگو بىلەن تەڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئورتاق ئۆسۈپ يېتىلدى، ھەر مىللەت خەلق ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، ئۆچمەس نەتىجىلەرنى ياراتتى، شانلىق سەھىپىلەرنى پۈتتى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش سەلتەنەتلىك مۇساپىسىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما چوقۇم قەلب ۋە كۈچنى تېخىمۇ مۇجەسسەملەپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)